# ئالمىخان
**(Almixan)**

ئالمىخاننىڭ دېڭى يوق
قاش-كۆزىدە مېڭى يوق
ئالمىخاننىڭ دېڭى يوق
قاش-كۆزىدە مېڭى يوق

ئۇسساپ قىلىپ ئۆيگە كىرسە
سۇ ئىچكىلى جېنى يوق
ۋاي-ۋاي جېنىم ئالمىخانەي
ۋاي-ۋاي قايسى باغنىڭ گۈلسەنەي
ۋاي-ۋاي جېنىم ئالمىخانەي
ۋاي-ۋاي يېڭى باغنىڭ گۈلسەنەي

ئالمىخاننىڭ ئېرى يوق
خەجلىگىلى پۇلى يوق
ئالمىخاننىڭ ئېرى يوق
خەجلىگىلى پۇلى يوق

كۈندە ئومماق، ئوسما قويىتمىش
ئوسما قويىدىغان قېشى يوق
ۋاي-ۋاي جېنىم ئالمىخانەي
ۋاي-ۋاي يېڭى باغنىڭ گۈلسەنەي
ۋاي-ۋاي جېنىم ئالمىخانەي
ۋاي-ۋاي يېڭى باغنىڭ گۈلسەنەي

ئالمىخاننىڭ يوللىرى
ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈندىن بېرى
ئالمىخاننىڭ يوللىرى
ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈندىن بېرى

ئالمىخانغا يول مېڭىپ
تېشىلدى تاپاننىڭ تېگى
ۋاي-ۋاي جېنىم ئالمىخانەي
ۋاي-ۋاي يېڭى باغنىڭ گۈلسەنەي
ۋاي-ۋاي جېنىم ئالمىخانەي
ۋاي-ۋاي يېڭى باغنىڭ گۈلسەنەي

ئالمىخاننى كۆرمىگەنلەر
ئۆزىنى ئوتقا ئاتىدۇ
ئالمىخاننى كۆرمىگەنلەر
ئۆزىنى ئوتقا ئاتىدۇ

ئالمىخاننى بىر كۆرگەنلەر
ھاڭگىي چۆلگە قاچىدۇ
ۋاي-ۋاي جېنىم ئالمىخانەي
ۋاي-ۋاي يېڭى باغنىڭ گۈلسەنەي
ۋاي-ۋاي جېنىم ئالمىخانەي
ۋاي-ۋاي قايسى باغنىڭ گۈلسەنەي

يايرىم، سېنىڭ دەردىڭدە
ئاشپەز ئۈستام بۇلادۇر مەن
يايرىم، سېنىڭ دەردىڭدە
ئاشپەز ئۈستام بۇلادۇر مەن.

لەغمىنىڭنى سېلىپ،
سەيلىرىڭنى قورۇپ
يايرىم سېنى باقادۇر مەن.
لەغمىنىڭنى سېلىپ،
سەيلىرىڭنى.قورۇپ
يايرىم سېنى باقادۇر مەن.

يايرىم سېنىڭ دەردىڭدە.
موزدوز، ئۇستام بولادۇر مەن.
يايرىم سېنىڭ دەردىڭدە.
موزدوز، ئۇستام بولادۇر مەن.
ئايغىڭغا پاشنا قويۇپ
چۈشلىگىڭنى كەچكە قويۇپ
يايرىم سېنى باقادۇر مەن.
ئايغىڭغا پاشنا قويۇپ
چۈشلىگىڭنى كەچكە قويۇپ
يايرىم سېنى باقادۇر مەن.

يايرىم سېنىڭ دەردىڭدە
ساتىراچمۇ بۇلادۇر مەن
يايرىم سېنىڭ دەردىڭدە
ساتىراچمۇ بۇلادۇر مەن.
چاچلىرىڭنى ئاتتۇرۇپ
يۈزلىرىڭنى قاتۇرۇپ
يايرىم سىزنى باقادۇرمەن.
چاچلىرىڭنى ئاتتۇرۇپ،
يۈزلىرىڭنى قاتۇرۇپ،
يايرىم سىزنى باقادۇر مەن.

يايرىم سېنىڭ دەردىڭدە
كاۋاپچى بۇلادۇر مەن.
يايرىم سېنىڭ دەردىڭدە
كاۋاپچى بۇلادۇر مەن.
گۆشلىرىڭنى ئوغۇرلاپ،
زىخلىرىمغا توغۇرلاپ،
يايرىم سېنى باقادۇر مەن.
گۆشلىرىڭنى ئوغۇرلاپ،
زىخلىرىمغا توغۇرلاپ،
يايرىم سېنى باقادۇر مەن.

يايرىم سېنىڭ دەردىڭدە،
دوختۇر ئۇستام بولاتۇرمەن.
يايرىم سېنىڭ دەردىڭدە،
دوختۇر ئۇستام بولاتۇرمەن.
كارۋىتىڭغا ئورۇن سېلىپ،
پەللىكىڭگە ئوكۇل سېلىپ،
يايرىم سېنى باقادۇرمەن.

يايرىم سېنىڭ دەردىڭدە،
ئوقۇتقۇچى بولادۇرمەن،
يايرىم سېنىڭ دەردىڭدە.
ئوقۇتقۇچى بولادۇرمەن،
دەپتىرىڭنى تۈز قويۇپ،
نومۇرىڭنى يۈز قويۇپ،
يايرىم سېنى باقادۇرمەن.

دەپتىرىڭنى تۈز قويۇپ،
نومۇرىڭنى يۈز قويۇپ،
يايرىم سېنى باقادۇرمەن.

ئامبال بەرگەن مەپەم بار،
بايتال سوك-سوك ئېتىم بار،
ئامبال بەرگەن مەپەم بار، ۋوي خېنىم.
بايتال سوك-سوك ئېتىم بار.
كەشتە كەلمەي، كۈندۈز كەل،
ساقلاپ قويغان گېپىم بار.
كەشتە كەلمەي، كۈندۈز كەل،
ساقلاپ قويغان گېپىم بار.

باي بېگىمنىڭ بوقۇسىدەك، بوقۇلدۇتۇپ
كېمچىنىڭ كېمىسىدەك دوقۇلدۇتۇپ
خېنىم ئۆزەڭگە، مەيلىم بار.
پېشانىسى لۆم-لۆم، گۈل-گۈل يار
خېنىم ئۆزەڭگە، مەيلىم بار.
پېشانىسى لۆم-لۆم، گۈل-گۈل يار.

دۇتار چالدىم پەدىگە،
خۇما كۆزنىڭ دەردىگە.
دۇتار چالدىم پەدىگە، ۋاي خېنىم
خۇما كۆزنىڭ دەردىگە.
خۇما كۆز تۇرالمايدۇ
ئۆزىنىڭ قىلغان ۋەدىسىگە
خۇما كۆز تۇرالمايدۇ
ئۆزىنىڭ قىلغان ۋەدىسىگە.

باي بېگىمنىڭ بوقىستەك، بوقۇلدۇتۇپ
كېمچىنىڭ كېمىسدەك دوقۇلدۇتۇپ
خېنىم ئۆزەڭگە، مەيلىم بار.
پېشانىسى لۆم-لۆم، گۆل-گۆلى يا
خېنىم ئۆزەڭگە مەيلىم بار.
پېشانىسى لۆم-لۆم، گۆل-گۆليا.
پېشانىسى لۆم-لۆم، گۆل-گۆليا.